# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇندايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى، مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى زور ھەجىمدە تارايدى؛ 7 ـ ئايدا جۇڭگو ياسىمىچىلىقىنىڭ سېتىۋالغۇچى دىرېكتور كۆرسەتكۈچى 51.1% بولۇپ، ئۇدا بەش ئاي كرىتىك نۇقتىدىن يۇقىرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى، ئىقتىساد قۇرۇلمىسى سىجىل ئەلالاشتى، كەسپلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ، ئاقىللاشتۇرۇپ تېپىنى ئۆزگەرتىش كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى، خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى كۈچلۈك بولدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ قەتئىي كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېلاستىكلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتى يەنىلا ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات ئۆزگىرىشى بار. ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت يەنىلا مۇرەككەپ، كەسكىن، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق بىر قەدەر چوڭ، بىز دۇچ كەلگەن ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلە ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك بولۇپ، جەزمەن ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش نۇقتىسىدىن يەنىمۇ تونۇشىمىز كېرەك. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىز تەرەققىياتى كۆپ تەرەپلىك ئەۋزەللىككە ۋە شارائىتقا ئىگە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى بولغاچقا، قۇدرەتلىك سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىمىز ۋە مول ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىمىز بولغاچقا، يەر شارى بويىچە ئەڭ مۇكەممەل، كۆلىمى ئەڭ زور سانائەت سىستېمىمىز، قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىمىز، مۇكەممەل يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىقتىدارىمىز، سانى غايەت زور ئىختىساسلىقلار قوشۇنىمىز بولغاچقا، 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇستىن شەكىللەنگەن ئادەتتىن تاشقىرى زور كۆلەملىك ئىچكى ئېھتىياج بازىرىمىز ھەم غايەت زور تەرەققىيات ئېلاستىكلىقىمىز، يوشۇرۇن كۈچىمىز ۋە ئايلىنىپ ئەسلىگە كېلىش ئىمكانىيىتىمىز بولغاچقا، بىز ئىقتىسادنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي يۈزلىنىشىنى تامامەن مۇستەھكەملەپ، كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز.

ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداشتا، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. دۆلەت ئىچىدە چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ـ خەلقئارا قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تېز شەكىللەندۈرۈشىمىز، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشىمىز، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تېخىمۇ كۆپ تايىنىشىمىز، ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى دەۋرىيلىك ھالقىپ لايىھەلەش ۋە تەڭشەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، مۇقىم ئاشۇرۇش ۋە خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. دۆلەت ئىچى ئادەتتىن تاشقىرى زور كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئوبوروت، ئىستېمالنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى كۈچەپ راۋانلاشتۇرۇپ، كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇرەككەپ بولسىمۇ، كۆپ نۇقتا، كۆپ تەرەپتىن ئويلىنىپ تاقابىل تۇرۇش كېرەك. كېلەر يىلدىن باشلاپ، دۆلىتىمىز «14 ـ بەش يىل» مەزگىلگە قەدەم قويىدۇ، بۇ، دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان بىرىنچى بەش يىل. ئىلگىرىلەش يولىدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇشىمىز كېرەك، بىزنىڭ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا كۈچلۈك ئىرادىمىز، قەتئىي غەيرىتىمىز، مۇستەھكەم دۆلەت كۈچىمىز بار، ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر، سىناقلارنى يېڭىشتە يېتەرلىك ئىشەنچىمىز، ئىقتىدارىمىز، ئەقىل ـ پاراسىتىمىز بار، ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق كىشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخ قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

**(8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى تېببىي مەمۇرىيەت ـ تېببىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جاڭ زۇڭجيۇ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى يۈ جىڭجىن ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

سۆھبەتتە، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنىڭ «قاراۋۇللۇق» رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئالدىن تەكشۈرۈش، تۈرگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، ئىلغاپ تەكشۈرۈشنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇچۇر مەلۇم قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېپىق ھالقىسمان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ چىڭىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە پىكىر ـ تەكلىپ بەردى.

يۈ شۆجۈن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت بالدۇر»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئارىسىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى يوچۇقلارنى قايتا رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مۇھىم نۇقتىلىرىنى قايتا مۇستەھكەملەش، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلەپلىرىنى قايتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھازىر ۋە كەلگۈسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، كۈز، قىش پەسلىدىكى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىش كېرەك. تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يۇقۇمغا جىددىي تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى تېز، كەسكىن، دەل جايىدا، كۈچلۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى قەيەرگىچە ئالغا سىلجىتىلسا، «تۆت تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى»نى شۇ يەرگىچە چىڭىتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىلمىي تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىشنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلمىيلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش، تۈجۈپىلەشتۈرۈپ تەدبىر قوللىنىش، پەرقلىق بىر تەرەپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى، كەسپىي تەربىيەلەش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مانېۋىرىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، سەپسەتىلەرنى تۈگىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ھەققىي ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، «تۆت بالدۇر» تەلپىگە سېلىشتۇرۇپ، «تۆت تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىنى قەتئىي پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى چىڭىتىپ، ئايرىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق ئايرىپ، دوختۇرخاندا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ۋىرۇسنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى قەتئىي توسۇش كېرەك. «قاراۋۇللۇق»نى ياخشى قىلىپ، دائىرىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، يۇقۇم كۆرۈلگەن ھامان بىرىنچى ۋاقىتتا بىلىش، بىرىنچى ۋاقىتتا يوللاش، بىرىنچى ۋاقىتتا بىر تەرەپ قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، لى يىفېي، ۋاڭ مىڭشەن، لىيۇ جيەنشىن، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۈك قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا قەرز بېرىش قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنى ماكرولۇق ئېھتىياتچان بولۇش، كرېدىت يۆنىلىشى قاتارلىقلارنى باھالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدار كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىشتە «ئىش داۋامىدا كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش، ئىشتىن كېيىن باشقۇرۇش» مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە، 28 مىڭ پارچە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەرز پۇل ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ ماقۇللاش نىسبىتى 98.21% بولدى.

خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى ئومۇمىي مەنپەئەتدار پۇل مۇئامىلىدە ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىش قاتارلىق سىياسەت، تەلەپلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەۋەلىكىدىكى 117 يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىغا 7 مىليارد 400 مىليون يۈەن ئۇزاق مۇددەتلىك مەبلەغ قويۇپ بېرىپ، ھەممىسىنى پۇقراۋى ۋە كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا تارقاتتى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىكىنى قوللايدىغان، كىچىك كارخانىلارنى قوللايدىغان تەكرار قەرز پۇل سوممىسى 12 مىليارد 170 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 54.1% ئاشتى؛ بېجىرىلگەن تەكرار دىسكونت كەسپى 9 مىليارد 560 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 13.4% ئېشىپ، ھەممىسى كىچىك، ئۇششاق ۋە پۇقراۋى كارخانىلارغا تارقىتىلدى. 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا جەمئىي 182 مىليارد 528 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، بۇ، تارقىتىلغان كرېدىت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 45.43%نى ئىگىلىدى.

خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار ئومۇمىي مەنپەئەتدار پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قول تۇتۇشۇپ ئالغا سىلجىتتى؛ ئۇچتۇرپان ناھىيەسى، كەلپىن ناھىيەسىنى تاللاپ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇستەھكەملەش، ئۈستۈرۈشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇش پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى سىناق رايونى» تەسىس قىلدى؛ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلىدە خېرىدارغا ئېرىشىش ئىقتىدارى ۋە ئىناۋەتلىك قەرز پۇل مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، «كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا بېرىلىدىغان تېز قەرز» «باج e قەرزى» «ئاممىۋى فوند قەرزى» قاتارلىق ساپ ئىناۋەتلىك مەھسۇلاتلارنى يولغا قويدى؛ جۇڭجېڭ ئېلېم ھېساباتىدىكى پۇل بىلەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمەت سۇپىسىنى كېڭەيتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەمىنلەش زەنجىرىدىكى كارخانىلارنىڭ سۇپىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ رەنە كېپىللىكى يېتەرسىز بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىناۋەتلىك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 40 مىليارد 220 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30.7% ئاشتى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى قەرەلىنى ئۇزارتىش، داۋاملىق قەرز پۇل بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق 22 مىڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىغا جەمئىي 29 مىليارد 746 مىليون يۈەن قەرزنىڭ دىرىنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىش كەسپىنى بېجىرىپ بەردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەتتە ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئالتە يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ ئالتىسى ئادەتتىكى تىپلىق، بىرى يېنىك تىپلىق. دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، يۇقىرىقى ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 ـ نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

---

**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى**

# ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بەلگىلەنگەن پارچە سېتىش دورىخانىلىرىنىڭ 90%ى تىجارەت قىلىۋاتىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ دورا سېتىۋېلىش ئېھتىياجى قاندۇرۇلدىمۇ ـ يوق؟ 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خې شىنگو تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى شەھىرىدە 1100دىن ئارتۇق بەلگىلەنگەن پارچە سېتىش دورىخانىسى بار، يۇقۇم مەزگىلىدە، بەلگىلەنگەن پارچە سېتىش دورىخانىلىرىنىڭ 90%ى تىجارەت قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دورا سېتىۋېلىش ئېھتىياجىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلدى.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى ھەرقايسى بەلگىلەنگەن پارچە سېتىش دورىخانىلىرىنىڭ مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، دورا ۋە كۈندىلىك مۇداپىئە بۇيۇملىرى تەمىناتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى. سۇغۇرتىغا قاتناشقان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ دورا ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا قارىتا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرگە قارىتا 68 بەلگىلەنگەن پارچە سېتىش دورىخانىسى ئاساسىدا، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرگە قارىتا يەنە 22 بەلگىلەنگەن پارچە سېتىش دورىخانىسى كۆپەيتىلىپ، 90گە يەتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تىجارەت قىلىۋاتقان دورىخانىلار مەھەللىلەر بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، دورا سېتىۋېلىشنى تىزىملاش ۋە ۋاكالىتەن سېتىۋېلىپ تەقسىملەپ يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلاشتى. ئىككى ھەپتىدىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بەلگىلەنگەن پارچە سېتىش دورىخانىلىرىدا داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە راسچوت قىلىنغانلار 110 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرگە قارىتا بەلگىلەنگەن پارچە سېتىش دورىخانىلىرىدا داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە راسچوت قىلىنغانلار 20 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەككە يەتتى.

خې شىنگو مۇنداق دېدى: يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى ئاغرىقلىرى، ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللار، بالىلارغا، ئۆسمە قاتارلىق جىددىي، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلار ھەمدە قان دىيالىزى قاتارلىق چوڭ كېسەل بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئاغرىقلارغا قارىتا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى خىراجەت كاپالىتى، بېجىرىش مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە، يۇقۇم مەزگىلىدىكى داۋالىنىش كاپالىتى تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تەڭشەپ، ھەرقايسى بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، جىددىي، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ خىراجەت مەسىلىسى سەۋەبىدىن ۋاقتىدا قۇتقۇزۇلۇشى ـ داۋالىنىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىككە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى، بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئومۇمىي سوممىسىنى خامچوت بويىچە باشقۇرۇش سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىككە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. مەسىلەن، تۇيۇقسىز قوزغالغان جىددىي، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەل ئاغرىقلىرى كېسەل كۆرسەتكەندە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى كارتىسىنى ئېلىپ يۈرمىسىمۇ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئېلېكترونلۇق ئىسپاتىنى قوزغىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كېسەل كۆرسىتىشكە بولىدۇ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى كارتىسىنى كۆرسەتمىسىمۇ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى خىراجىتىنى راسچوت قىلىشنى قولايلىق، تېز ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرگە قارىتا بەلگىلەنگەن پارچە سېتىش دورىخانىلىرىنىڭ كونكرېت ئۇچۇرلىرىنى تىيانشان تورى، خۇڭشەن تورى قاتارلىق تور بېكەتلىرىدىن تەكشۈرۈشكە بولىدۇ.

# ئۈرۈمچى شەھىرى قاتناش باشقۇرۇش كەسپىدە خەلققە قولايلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، بەزى ئاپتوموبىللارنى يىللىق تەكشۈرۈش، ھەيدەشنى ئۆگىنىۋاتقان كۇرسانتلاردىن ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق قاتناش باشقۇرۇش كەسپلىرى تەسىرگە ئۇچرىدى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى ئاپتوموبىل باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى سۇن شىڭجۇن مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، يىللىق تەكشۈرۈش ۋاقتى توشقان بارلىق ئاپتوموبىللارنى يىللىق تەكشۈرۈش كەسپى يۇقۇم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بېجىرىشكە كېچىكتۈرۈلدى.

سۇن شىڭجۇننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يۇقۇم مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتناش باشقۇرۇش كەسپىدە كېچىكتۈرۈپ بېجىرىش، ماتېرىيال كەم بولسىمۇ بېجىرىش، توردا بېجىرىش قاتارلىق كۆپ خىل خەلققە قولايلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويغان.

كېچىكتۈرۈپ بېجىرىش تۆت خىل كەسپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ھەيدەشنى ئۆگىنىۋاتقان كۇرسانتلاردىن ئىمتىھان ئېلىشنى كېچىكتۈرۈش، ئىلتىماس قىلىپ ئالدىن كېلىشىپ بولغانلارغا قارىتا ئىمتىھاننى بىرتۇتاش ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىمتىھاننى ئالدىن كېلىشىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىمتىھان قېتىم سانىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ، كېلەر قېتىملىق ئىمتىھانغا ئالدىن كېلىشىش تەرتىپىگىمۇ تەسىر يەتكۈزمەيدۇ؛ تىزىمدىن ئۆچۈرۈش مۇددىتىنى ئۇزارتىش، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسىمۇ كىنىشكا ئالماشتۇرماسلىق، سالامەتلىك تەكشۈرتمەسلىك، تەكشۈرتمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەيدەش كىنىشكىسى ياكى موتورلۇق قاتناش ۋاستىسى تىزىمدىن ئۆچۈرۈلۈش ئېھتىماللىقى بولسا، تىزىمدىن ئۆچۈرۈش مۇددىتى بىرتۇتاش ئۇزارتىلىدۇ؛ ئالاقە توردا ئالدىن تاللانغان نومۇر تاختىسىنىڭ ۋاقىت چېكىنى ئۇزارتىش، ئالاقە توردا نومۇر تاختىسى نومۇرىنى ئالدىن تاللىغان، لېكىن موتورلۇق قاتناش ۋاستىسىنى ۋاقتىدا تىزىمغا ئالدۇرمىغان بولسا، ئالدىن تاللانغان نومۇرنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى ئۇزارتىلىدۇ، يۇقۇم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن داۋاملىق تىزىمغا ئالدۇرسا بولىدۇ؛ شوپۇرلۇق ئىمتىھانى كۇرسانتلىرىنىڭ ھەيدەشنى ئۆگىنىش ئىسپاتىنى كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ، شوپۇرلۇق ئىمتىھانى كۇرسانتلىرىنىڭ ھەيدەشنى ئۆگىنىش ئىسپاتىنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى توشقان بولسا، كۈچكە ئىگە مۇددىتى بىرتۇتاش ئۇزارتىلىدۇ، يۇقۇم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن داۋاملىق ئۆگىنىشنى تاللىسا بولىدۇ.

ماتېرىيال كەم بولسىمۇ بېجىرىش. ھەيدەش گۇۋاھنامىسى يۇقۇم مەزگىلىدە ھەيدەش كىنىشكىسىنىڭ ۋاقتى توشۇپ، ۋاقتىنچە سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ئىسپاتى بىلەن تەمىنلىيەلمىسە، ئالدى بىلەن توردا ھەيدەش كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇشنى بېجىرىشكە بولىدۇ، يۇقۇم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ئىسپاتىنى تولۇقلاپ تاپشۇرىدۇ.

توردا بېجىرىش. «قاتناش باشقۇرۇش 12123» يان تېلېفون APPسىغا چىقىش ئارقىلىق، موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ نومۇر تاختىسىنى تولۇقلاش، ئالماشتۇرۇش، موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ يول يۈرۈش كىنىشكىسىنى تولۇقلاش، ئالماشتۇرۇش، ھەيدەش كىنىشكىسىنىڭ مۇددىتى توشقاندا ئالماشتۇرۇش، يىتىپ كەتكەندە تولۇقلاپ بېجىرىش قاتارلىق 25 تۈرلۈك كەسپنى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى يەنە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئاپتوموبىللىرىغا قارىتا تىزىملاپ نومۇر تاختىسى چىقىرىش، ھەيدەش كىنىشكىسىنى تولۇقلاش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق «جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش كۆزنىكى»نى مەخسۇس تەسىس قىلىپ، مەخسۇس «يېشىل يول» ئاچتى. قۇتقۇزۇش، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ئاپتوموبىللىرى ۋە دوختۇر ـ سېستىرالارنى، دورا، سايمان، مۇداپىئەلىنىش بۇيۇمى قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇيدىغان ھەمدە كۆكتات، ئاشلىق قاتارلىق ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارغا قارىتا، كەسپنى جىددىي بېجىرىش، ئالدىن كېلىشىپ بېجىرىش، قولايلىق بېجىرىشنى يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئاپتوموبىللىرىنىڭ قولاي يول يۈرۈشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.